# خرىستىئان مۇرىتىنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ: ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە چاقىرىش بولسا ئەيسا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېۋەتىلىشىنىڭ تەقەززاسى .

[ئۇيغۇرچە]

حوار مع نصراني: توحيد الله هو رسالة عيسى والأنبياء جميعا عليهم السلام

[باللغة الأويغورية]

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# خىرىستىئان بىلەن دىئالوگ: ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە چاقىرىش بولسا ئەيسا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېۋەتىلىشىنىڭ تەقەززاسى .

سۇئال نومۇرى 12628

سۇئال:

**سىلەر نىمىشقا ھەقىقەتتىن يىراقلىشىسىلەر ؟ ھەمدە ئەيسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى سۈپىتىدە قارىماستىن ، ئۇنى پەقەت بىر ئەلچى دەيسىلەر ؟ ئەيسا بولسا بىردىنبىر پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلى ، مانا بۇ ھەقىقەت !!**

جاۋاب:

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد ۋە قاراشلىرىمىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ، سىزنىڭ بىزگە ھەممەيلەن بىلىشكە ۋە ئەگىشىشكە مۇھتاج بولىدىغان ھەقىيقەتنى مۇزاكىرە قىلىشىمىز ئۈچۈن ، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزغا پۇرسەت بەرگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت . پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەنلا ، يەنى ھەقىيقەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىلەنلا ، بىز ئۆزىمىزنى خاتالىقلىرىمىزدىن ئازاد قىلالايمىز ، خۇددى سىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابىڭلاردا دېيىلگەندەك : « ھەمدە سىلەر ھەقىيقەتنى تونۇيسىلەر ، ھەمدە ھەقىيقەت سىلەرنى ئازاد قىلىدۇ .» [ يۇھەننا 8 : 32 ، يېڭى خەلقئارا نەشرى ]

شۇڭا ئۆزىمىزنى بىردەم توختىتۇپ ، بۇ ھەقىيقەت توغرىسىدا ئويلىنايلى ،خۇددى سىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابىڭلاردا دېيىلگەندەك ، گەرچە ئۇنىڭدا بارلىق بۇرمىلاشلار ۋە ئۆزگەرتىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ . !!

مەسىيھ ( ئۆزىگە ئامانلىق بولسۇن) ئىلىپ كەلگەن دەۋەت بولسا مەسىيھنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش :

« ئەمدى بۇ بولسا مەڭگۈلۈك ھايات ؛ ئۇلار سىنى تونۇشى كېرەك : سەن بىردىنبىر ھەقىقىي ئىلاھ ، ھەمدە مەسىيھ بولسا ئۇنى سەن ئەۋەتكەن .» [ يۇھەننا 3 : 17 ،]

« مەلۇم بىر باشلىق ئۇنىڭدىن سورىدى : " ئى ياخشى مۇئەللىم ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن نىمە قىلىشىم كېرەك ؟ "

« سەن نىمىشقا مىنى ياخشى دەپ چاقىرىسەن ؟ ؛ بىرەيلەندىن باشقا ھېچكىم ياخشى ئەمەس ؛ ئۇ بولسا ئاللاھ » دىدى ، ئۇنىڭغا ئەيسا .

[ لۇقا 18: 18-19 ، ( نىۋ) ]

« ئىبلىس ئۇنى ئىگىز جايغا باشلاپ باردى ھەمدە ئۇنىڭغا دۇنيا پادىشاھلىقىنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدە كۆرسەتتى . ھەمدە ئۇ ئۇنىڭغا : " مەن ساڭا ئۇلارنىڭ بارلىق سەلتەنىتىنى ھەمدە شانۇ-شەۋكىتىنى بىرىمەن . چۈنكى ئۇ ماڭا بىرىلگەن ، مەن ئۇنى مەن خالىغان كىمگە بىرىمەن !! شۇڭا ئەگەر سەن ماڭا ئىبادەت قىلساڭ ، ئۇنىڭ ھەممىسى سىنىڭ بولىدۇ ." دىدى . ئەيسا جاۋاپ بەردى : «ھەي شەيتان مىنىڭدىن نىرى بول ! سىنىڭ ئىلاھىڭ پەرۋەردىگارغىلا ئىبادەت قىل ھەمدە ئۇنىڭغا قۇللۇق قىل دەپ يىزىلغان .» [ لۇقا 4: 5-8 ، ( نىۋ) ]

ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاھنى بىر دىيىش بولسا مەسىيھ ئىلىپ كەلگەن ئەڭ ئۇلۇغ تەلىمات ، ھەمدە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلۇغ تەلىماتلىرى :

« شەرىئەت مۇئەللىملىرىنىڭ بىرى ئۇ يەردە ئىدى ، ئۇ ئۇلارنىڭ مۇنازىرە قىلىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالدى ، ھەمدە ئەيسانىڭ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى جاۋاپ بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلغاچ ، ئۇنىڭغا يىقىنلاشتى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى : " بۇيرۇقلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئەڭ بىرىنچى ؟ " ئەيسا جاۋاپ بەردى : « بىرىنچى

بۇيرۇق بولسا : ئى ئىسرائىل ، قۇلاق سال ، ئىلاھىمىز پەرۋەردىگار بولسا بىر پەرۋەردىگار ؛ سىنىڭ ئىلاھىڭ پەرۋەردىگارنى بارلىق يۈرۈگۈڭ ، بارلىق جىنىڭ ، ۋە بارلىق پىكىرىڭ ، ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىڭ بىلەن سۆيگىن ! .

ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا ئوخشاش :ئۆزۈڭ- تۇققانلىرىڭنى خۇددى ئۆزۈڭنى سۆيگىنىڭگە ئوخشاش سۆيگىن . بۇلاردىنمۇ كاتتىراق بۇيرۇق يوق .»

شەرئەت مۇئەللىمى ئۇنىڭغا : " ياخشى سۆزلىدىڭ ، ئى مۇئەللىم ؛ ئىلاھ بىر ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ راست ئېيتتىڭ . ئۇنى بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن سۆيۈش ، بارلىق يۈرۈكۈڭ ، بارلىق پىكىرىڭ ، ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىڭ بىلەن سۆيۈش. ھەمدە ئۆزۈق-تۇققاننى ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيۈش بارلىق سەدىقىلەر ۋە قۇربانلىقلاردىن ياخشىدۇر . " دېدى .

ئەيسا ئۇنىڭ ئاقىلانە جاۋاپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭغا : « سەن ئىلاھنىڭ پادىشاھلىقىدىن يىراق ئەمەس . » دېدى . ھەمدە ئاندىن كېيىن ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن يەنە سۇئال سوراشقا پېتىنالمىدى . » [ مەرقەس 12: 28-34 ، ( نىۋ) ]

بىراق بۇ ئىككى نەسىھەت پەقەت ئىسرائىلغا ياكى ئۇنىڭ خەلقىگىلا بىرىلگەن دەپ ئويلىما ، بەلكى ئۇ شەرئەتنىڭ ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسى . بۇ ئىككى نەسىھەتنىڭ ئۆزى مەتتا ئىنجىلىدا ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن بار بولۇپ ، ئاندىن ئۇ مۇنداق دىگەن : « بارلىق قانۇن -شەرئەتلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى بۇ ئىككى بۇيرۇققا تايىنىدۇ .» [ مەتتا 22: 39]

ئەمەلىيەتتە بۇ تەۋھىد بولسا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەلچىلىكى ؛ ئاللاھ مۇنداق دىگەن: « سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق »

[ ئەنبىيا سۈرىسى: 25 ]

ھەمدە مەسىيھ كىشىلەرنى ھەقىقەتكە چاقىرىشى، ئۇنىڭغا قارشىلىشىشتىن ئاگاھلاندۇرىش قاتارلىقلارنىڭ ئاساسى ئەلچىلىكنىڭ تەقەززاسىدۇر . ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن :« شۈبھىسىزكى، اللە مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى اللە غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللە دىن غەيرىگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، اللە ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ» دېدى (72). [ مائىدە سۈرىسى:72]

بۇ بولىسا بىز ھەممەيلەن بىرلىككە كىلىشىمىز لازىم بولغان ئاساسى پىرىنسىپتۇر.ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللەغىلا ئىبادەت قىلىش، اللەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللە نى قويۇپ بىر- بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە(يەنى بىر خىل ئەقىدىگە)ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار ». [ئال ئىمران سۈرىسى(ئال-ئىمران):64]

بۇ ھەقىقى خىرىستىئان دىنىغا ياتتۇر،پەيغەمبەرلەر ئىلىپ كەلگەن ئەلچىلىك يەنى ،ئۇلارنىڭ ئىنجىلىدا ئىنىق بايان قىلىنغان ،بولۇپمۇ تەۋراتتا ئىتراپ قىلىنغان- ئىلاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش بىلەن،ئۇلارنىڭ ئۈچ گەۋدە بىرئىلاھقا ئىشىنىشنى بىرلەشتۈرۈشكە بولغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشتۇر. ئامرىكا ئېنسكلوپىدىيىسدە مۇنداق دىيلىدۇ:ئىلاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش-بىر ئىلاھىيەت ھەركىتى سۈپىتىدە -تارىخنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشلانغان،ھەمدە ھەقىقەتەن نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدىگە ئىشىنىشتىن ئۈستۈن ئورۇندا

تۇرغان.خىرىستىئان دىنى يەھۇدى دىنىدىن تەرەققى قىلغان،ھەمدە يەھۇدى دىنى بىرلا ئىلاھنىڭ بارلىقىغا چىڭ ئىشىنىدۇ. يىرۇسالىم (مەسىھنىڭ تۇنجى شاگىرتلىرىنىڭ ئۆيى) دىن نىسە(مىلادى 325-يىلى مەسىھ ماھىيەت ۋە مەڭگۈلەكتە ئىلاھقا تەڭ دەپ قارار قىلىنغان جاي) غىچە بولغان يولنى توغرا يول دەپ سۈپەتلەش ناھايىتىمۇ تەس.

مىلادى 4-ئەسىردە مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەن ئۈچ ئىلاھ بىر گەۋدە تەلىماتى مەسىھنىڭ ئىلاھنىڭ تەبىئىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەلىماتىغا ئوخشىمايتتى.ئەكسىنچە ،بۇ تەلىماتتىن بۇرالغان ھالدا ئۇنىڭغا زىت ئىدى.شۇڭلاشقا ئۇ بىر ئىلاھقا ئىشىنىشكە قارشى تەرەققى قىلغان...(27:294).

سىز ئىلاھنىڭ بىرلىكىگە ھىلىمۇ ئامرىكا ئېنسكلوپېدىيىسىدىكىگە ئوخشاش ئىشىنىپ كىلىۋاتقان بىر قىسىم خىرىستىئانلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا مۇراجىئەت قىلىسىڭىز بولىدۇ،27:300-301. بۇنى چۈشىنىش تەس ،شۇڭا سىزنىڭ ئۇنى چۈشىنەلمەسلىكىڭىز ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس .بىراق غەلىتە نەرسە شۇكى سىلەر چۈشىنىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىسىلەر، بولمىسا بىز ئۆزلىرىمىزنى ئالداپ ئاخىرەت كۈنىدە كىلىدىغان مۇنۇ چۈشەنچىنى دەيمىز:

"ئەقىللىرىمىزنىڭ يىتىشىچە چۈشەندۇق ، ھەمدە بىز ئۇنى كەلگۈسىدە ،ئاسمان ۋە زىمىندىكى بارلىق نەرسىلەردىن پەردە ئىلىۋىتىلگەندە تىخىمۇ ئىنىق چۈشىنىشنى ئۈمۈد قىلىمىز.لىكىن ھازىر،بىزنىڭ چۈشەنگەنلىرىمىز يىتەرلىك!"

شۇنداق ،مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇنكى، ھەقىقەت كەلگۈسىدە ،ئاللاھ ئەلچىلەرنى يىغىدىغان ھەمدە ئۆلارنى خەلقلىرىگە گۇۋاھچى قىلىدىغان كۈندە،خۇددى بۈگۈن بىزگە ئىنىق بولغاندەك ئىنتايىن ئىنىق بولىدۇ. ئاللاھ دەيدۇ:« ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى:

«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك

بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەم مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن (116). مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن (117). ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» (118). اللە ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، اللە ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار اللە دىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر» (119). ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى اللە غا مەنسۇپتۇر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر (120). [ سۈرە مائىدە: 116ـ120]